# 106482 - رامىزان ئىچىدە ئۆزى ياشاۋاتقان رايون بىلەن رامىزاننىڭ باشلىنىشى پەرقلىق بولغان باشقا رايونغا سەپەر قىلغانلىق توغرىسىدا

## سوئال

مەن ياشاۋاتقان رايوندا رامىزان روزىسى باشلاندى، رامىزان ئىچىدە روزا تۇتۇشنى بىزدىن بىر كۈن كېيىن باشلىغان باشقا جايغا سەپەر قىلدىم. مەن مۇشۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارغا ماسلىشىپ روزىنى داۋاملاشتۇرىمەنمۇ؟ ئۇنداق قىلسام مەن 31 كۈن روزا تۇتقان بولىمەن؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق
گۈزەل
مەدھىيىلەر
ئالەملەرنىڭ
پەرۋەردىگارى
بولغان
ئاللاھقا
خاستۇر.

بۇ
مەسىلىدە؛
رامىزاننىڭ
باشلىنىشى
ئۆزى تۇرغان
رايوندىن،
رامىزاننىڭ
ئاخىرى ئۆزى
سەپەر قىلىپ
كەلگەن

رايوندىن
ھېسابلىنىدۇ.
مەسىلەن:
ئىككى يۇرتتا
بولۇپ جەمئى 28
كۈن روزا
تۇتقان
بولسا، بىر
كۈن قازا روزا
تۇتۇپ 29 كۈننى
تولۇقلايدۇ،
چۈنكى
ھىجرىيە
ئايلىرى 29
كۈندىن ئاز
بولمايدۇ.
سەپەر قىلىپ
كەلگەن
رايوندا 30 كۈن
تولۇق روزا
تۇتقان
بولسا، شۇ
يەردىكى كىشىلەر
بىلەن بىرگە
ئاخىرقى
كۈندىمۇ روزا
تۇتىدۇ. ئۇلار
بىلەن
بىرلىكتە
ئېغىز ئاچىدۇ

ۋە بىرلىكتە
ھېيت نامىزى
ئوقۇۋېدۇ.

ئاللاھ
تائالا
ھەممەيلەننى
توغرا يولغا
مۇۋەپپەق قىلسۇن،
پەيغەمبىرىمىز
مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالامغا،
ئائىلە
تاۋابىئاتلىرى
ۋە ساھابە كىراملىرىغا
ئاللاھنىڭ
رەھمەت
سالاملىرى بولسۇن.

ئىلمى
تەتقىقات ۋە
پەتىۋا
كومىتېتى
ئەزالىرىدىن:
شەيخ ئابدۇل
ئەزىز ئىبنى
ئابدۇللاھ ئىبنى
باز، شەيخ
ئابدۇراززاق
ئەپىيپي،
شەيخ ئابدۇللاھ

ئىبنى

غۇدەييان.